ئەدەبىيات گۈلزارى ئەدەبىيات گۈلزارى

## پارچىلار

**توقسۇن ئابدۇرېشىت**

ئېتىقاد، غايىنى قىلىپ سەن بايراق،
ئىلىم-پەن، ھېكمەتتىن راسلىغىن ياراق؛
ئاتلانساڭ ئىرادە بىلەن سەپەرگە،
بىلىنمەس مەنزىللەر ساڭا بەك ئۇزاق.
* * *

ئۇستازغا ئۇمىدتە باقار سەبىي كۆز،
ئۇستازغا ئىشىنەر شاگىرت يۈزدە يۈز،
«موللامنىڭ قىلغىنىنى قىلما» دېيدۇ ئەل،
بولمىسا ئۇستازدا توغرا ھەرىكەت، سۆز.
* * *

ئانامدەك قەدىرلىك ئۆز ئانا تىلىم،
ئۇندا بار بىلگەنگە ئالەمچە بىلىم.
كىم يەتمەي قەدرىگە بۇزۇپ سۆزلىسە،
خارلانغاندەك بولۇپ ئۆرتىلەر دىلىم.
* * *

تاسقارىكەن ھەممىنى ۋاقىت غەلۋىرى،
دېمىگىن كەتكەننىڭ بولماس خەۋىرى.
ئۆتسىمۇ ئارىدىن نەچچە مىڭ يىللار،
چاقنارىكەن ئىنساننىڭ ئىجاد جەۋھىرى.
* * *

مەرد-مەردان خىسلىتى - «ئۆزۈم»دىن كېچىش،
ئەل-ۋەتەن بەختىچۈن داغدام يول ئېچىش.
نامەرد تەبىئىتى ئۆز غېمىنى يەپ،
ئۆزگىنىڭ ئىشىغا قوم-توپا چېچىش.
* * *

يول ئېچىش ھىممەت بىلەن ئادەملىكتۇر،
پاك ئەخلاق-زىننەت بىلەن ئادەملىكتۇر.
بول پەخەس! لېكىن كېيىن قايىقىڭدىن،
بۆلغىنار مىننەت بىلەن ئادەملىكىڭ.
* * *

ئوقۇتقۇچى بار بىلىمدە، ساپادا،
ئەۋلاد ئۈچۈن ئۆتەر كۈنى جاپادا.
كۆلكىلىكتۇ ھارام تاماق بىر نادان،
دەپ يۈرسە «يوق ئوقۇتقۇچى قاتاردا».
* * *

ئاق كۆڭۈللەر بولدى ئۇلپەت-يار ماڭا،
ساختىلاردىن كەلدى كۈلپەت-ئازار ماڭا.
ھايات گويا پەلەك قۇرغان ئەلەڭگۈچ،
ئېگىز-پەسلىك قىسمەت تەڭلا بار ماڭا.
* * *

ياشلىقىم ئۆتتى كۆزۈمدىن بى ئىختىيار،
قالدۇرۇپ ئۆمرۈمگە چاغلىق ئىقتىدار.
ياشىسام قالغان ھاياتنى تەر تۆكۈپ،
ئەلگە نەپ- ئەجرىملا بار، مەن بەختىيار.
* * *

ئېگىز، كۆركەم بىنالارنى كۆتۈرەر ئۇل،
كارۋانلارنى مەنزىلگە يەتكۈزەر يول.
ئۇل-مەرىپەت، يول- ئىزدىنىش ئويلان تازا،
ئۇنىڭسىز نى كۆچتۈڭگۈرلەر بوپ كېتەر قول.

## يېڭى كۈيلەر ياراتىڭ قايتا...

**ئايىسىمە ئېمىرىس**


شاھتاتار ①
شاھقا لايىق سۇپىتىڭ،
جىلۋىلىنەر قەدىمكى تۇستە،
ئەجدادلارنىڭ شادلىقى، دەردى،
تالاي ئەسىر قۇچاقلىرىدا،
سىڭىپ كەتكەن تىزناپ بويىغا.
گۈزەل كۈيگە ئايلانغان،
قېتىلىپ
ئۇنىڭ مۇڭلۇق شاۋقۇنلىرىغا.
بەش ئەسىر مۇقەددەم،
تۇغقان ئىدىڭ يېگانە قۇياش
خىسلىتىڭدىن بېرىپ سەن بەرداش،
يېتىشتۇرگەن پەرىگە ئوخشاش.
لېۋى ئوتلۇق ساھىبجامالنىڭ،
تارىسىنى چېكىپ ساتارنىڭ،
ئوت كۆيدۈرۈپ شاھنىڭ قەلبىدە،
جور بولۇپ ئەلنىڭ كۈيىگە،
ئاھ، يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان،
لېكىن يۈلتۇز كەبى نۇر چاچقان،
مىللىتىمىز روھى كۈيىنى،
ھەممە قەلب تۆرىگە چاتقان،
ئۇنى قىلغان مۇكەممەل داستان.
شاھتاتارر،
سەن قەدىمنى ساقلاپ باغرىڭدا،
چاقنىدىڭ،
مۇقاملارنىڭ تىنىقلىرىدا.
يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا،
بايقالغاندا تارىخىڭ،
خۇشاللىقتىن ئاقتى كۆز يېشىڭ،
كۆرگىن،
سەن ياراتقان،
سەن تاراتقان مۇقاملار
نۇر تاراتتى يەنە قايتىدىن
سەن سۆيگەن شۇ ئوغۇل- قىزىڭغا...

---

① شاھتاتار - ئامانىساخاننىڭ ئەسلى يۇرتى.

## ساۋاقداشلارغا

**ئابدۇرېھىم مۇھەممەت**



كۆيۈمچان ئانا، ئوماق قىزلار

غەيرەت مەمتىمىن فوتوسى

## گەپ توشۇش

(ھېكايە)

**تۇرسۇن يۈسۈپ**

بىر سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىچ سىرىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى. سىنىپ مەسئۇلى نۇرنىسا مۇئەللىم بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن جىق باش قاتۇردى. مەخمۇت بىلەن زۇنۇننى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار يىقىندىن بويان بىر-بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىر قېتىملىق تىكتاك توپ مۇسابىقىسىدە قېرىشقاندەك ئىككىسى ئويناىدىغان بولۇپ قالدى. تىكتاك توپ دېسە جېنىنى بېرىدىغان مەخمۇت زۇنۇن بىلەن ئويناىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ قولىدىكى پالاقنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. نۇرنىسا مۇئەللىم كەينىدىن بېرىپ نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپمۇ قايتۇرۇپ كېلەلمىدى. مۇئەللىم مەخمۇت بىلەن زۇنۇننىڭ بىر-بىرىگە ماي تارتىشىپ، قېيداپ يۈرگەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىكى سەۋەبنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمايتتى.

رەقىبلەرنىڭ يولى تار بولىدۇ دېگەندەك، بۈگۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان پۇتبول مۇسابىقىسىدە، مەخمۇت بىلەن زۇنۇن يەنە بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ قالدى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان مەخمۇت سەپكە قوشۇلماي چەتكە چىقىۋالدى،

ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا تۇرغان ساۋاقدىشىنىڭ قولىقىغا باغاقچىدىن كۆرۈۋالغانلىرىنى پىچىرلىدى. ئۇ يېنىدىكىسىگە، يېنىدىكىسى يەنە يېنىدىكىسىگە...، ئەڭ ئاخىرقى ساۋاقداش ئاڭلىغان سۆزنى قەغەزگە يېزىپ تەربىيىچىگە بەردى. تەربىيىچى ئالدى بىلەن بىرىنچى گۇرۇپپىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇدى:

- «ئايشەم دوستىنى يالغانچى دەپ تىللىدى.»

قالغان ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەر تەڭلا ئايشەمگە قارىدى. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر يەرگە قارىشىپ قالدى. ئايشەمنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

تەربىيىچى ئىككىنچى گۇرۇپپىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇدى:

- «قارلىق تاغدا ئەتىرگۈللەر ئېچىلىپ كەتتى.»

ساۋاقداشلار ئارىسىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. تەربىيىچى ساۋاقداشلارغا:

- ساۋاقداشلار، ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، گەپ توشۇش، يالغان سۆزلەش مانا مۇشۇنداق بىمەنىلىكنى، خاتا چۈشەنچىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قاراڭلار، يۇقىرىقى ئۈچ جۈملە پىچىرلاپ يەتكۈزۈلۈش نەتىجىسىدە ئۆزگىرىپ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرگە ئايلىنىپ قالغان. ساۋاقداشلار، ئاراڭلاردا گەپ توشۇشقا ئامراق، ئەيقاچتى گەپلەرگە ئىشىنىدىغانلار بارمۇ-يوق؟ قايتقاندىن كېيىن ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار.

مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلگەندە، مەخمۇت يول بويى ھېلىقى گەپ توشۇش ئويۇنى بىلەن تەربىيىچىسىنىڭ سۆزىنى ئويلاپ ماڭدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، مەخمۇت تاماق يەۋېتىپ، ئادىتى بويىچە مەكتەپتىكى بىر كۆڭۈلۈك ئىشنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ كەتتى.

زۇنۇن مۇئەللىمگە: «مەخمۇت تەتىل تاپشۇرۇقىنى باشقىلاردىن كۆچۈرۈپتۇ» دەپ چېقىشتۇرۇپتۇ.

- مۇئەللىمىڭ تەنقىد قىلدىمۇ؟

- ياق.

- ئۇنداق بولسا، قانداق ئۇقتۇڭ؟

- سەمەتتىن، ئامىنەم ئايشەمگە دەپتىكەن، ئايشەم سەمەتكە دەپتۇ، سەمەت ماڭا دېدى.

- ئامىنەممۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولغىيتتى، ھەقاچان؟

- ياق،- دېدى مەخمۇت قەتئىيلىك بىلەن- دەرس باشلانغان كۈنى، ئامىنەم مۇئەللىمگە تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ئەكىرىپ بەرگىلى كىرگەندە، زۇنۇننىڭ مۇئەللىمگە مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ ئاشۇنداق گەپلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتىكەن.

- ھەي ئەخمەق بالا، زۇنۇننىڭ مۇئەللىمگە نېمە دېگىنىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ، ئامىنەمنىڭ گېپىگە شۇنچە ئىشىنىپ كەتتىڭما؟ يەنە كېلىپ گەپ ئامىنەمدىن ئايشەمگە، ئايشەمدىن سەمەتكە، سەمەتتىن ساڭا يەتكۈچە كەپكە قانات- قۇيرۇق چىقماي قالامتىمۇ؟ بۇنىڭ گەپ توشۇپ ئارازچىلىق پەيدا قىلىش ئىكەنلىكىنى

1

بىز ئوقۇغان يورۇق سىنىپلار،
تۇرغاندىمۇ ئاۋۋالقىدەك ئاق؟
پارقىراق شۇ پارتا- ئۇستەللەر،
تۇرغانمىدۇ رەتلىك ئاشۇنداق.

بىز يېزىشقان ئەسلەش سۆزلىرى،
تۇرار كۈلۈپ ئالبومدا تېخى.
ھەر پۇچۇركا گويا بىر قەلب،
مېھرىمىزدەك تۇرماقتا سەبىي.

گاھ مۇڭلىنىپ، گاھى شادلىنىپ،
شۇ خەتلەرنى ئوقۇپ كېتىمەن.
سېغىنىشتا قاراپ رەسىمگە،
كۆزۈڭلارنى نوقۇپ كېتىمەن.

2

بىر ياتاقتا سەككىز ساۋاقداش،
مىسالى بىر تۇغقاندەك ئىدۇق.
ئاتا-ئانىمىز خالتا ئەۋەتسە،
يېتىشچە ھەممە تەڭ يەيتتۇق.

ئۆتتى بەش يىل تارتماي خىجالەت،
يا پۇلدا، ياناندا، ھوپۇندا.
قوللار ئۇچۇق - بىرىشكە كۆڭگەن،
«ياق»، «يوق» دېيىش كەم بۇ ئورۇندا.

3

چېچەكلەرگە سانجىلدىمۇ ئاق،
ئوغۇل دوستلار، كەپسىز قەدىردان.
قورۇقلارمۇ چۈشكەندۇ قىزلار،
ئانا بولۇپ بەلكىم مېھرىبان.

چىرايلاردىن قىسمەتنى شۇنداق،
كۆرگۈم كېلەر تىڭشاپ بايانات.
ئاسمانلاردىن قارىسام دەيمەن
ئاھ سىلەرگە، يار بولسا قانات...

# رۇبائىيلار

**پەيزۇللا ئىساقجان (ئۆزبېك)**

قەلىمىم قورالدۇر، ئۇستازىم كىتاب،
قىلىمەن ھەمىشە بۇ ھەقتە خىتاب.
كىتابسىز ئۆچىدۇ ھايات مەشئىلىم،
ئۇنىڭسىز گوياكى بولىمەن بىتاپ.

كىتابسىز يېتىشمەس ھېچبىر مۇئەللىم،
كىتابسىز بولالماس ھېچ كىشى ئالىم.
كىتابنى سۆيمىگەن مەڭگۈ خار بولۇر،
كىتابسىز ئەمەلدار بولغۇسى زالىم.

تەنتەربىيە مۇئەللىمى ئۇنى چاقىرتىۋىدى، ئۇ، قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ تۇرىۋالدى. مەخمۇتنىڭ چىرايىدىن بىر ئىشنى سەزگەن مۇئەللىم:

- ئۇنداقتا، سەن قارشى گۇرۇپپىغا قاتناشقىن، قورسىقىڭ ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، - دېۋىدى، مەخمۇت ئويلىنىپ تۇرماستىنلا:

- ماقۇل! - دەۋەتتى. باشقا باللار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. كۈلكە ئارىسىدا بىرسىنىڭ:

- مۇئەللىمنىڭ دىئاگنوزى دوختۇرنىڭكىدىنمۇ توغرا ئىكەن!- دېگەن چاقچىقى ئاڭلاندى.

بىر قېتىملىق پىئونېرلار پائالىيىتىدە «گەپ توشۇش ئويۇنى» ئوينالدى. بۇ ئويۇننى ئەترەت تەربىيىچىسى تاپقانىكەن، تەربىيىچى باللارنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، قاتار قىلدى، ئاندىن قولىغا ئۈچ دانە باغاقچىنى ئېلىپ، ساۋاقداشلارغا بۇ ئويۇننىڭ قائىدە- تەرتىپىنى چۈشەندۈردى. ئارقىدىن ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ بېشىدا تۇرغان بالىغا باغاقچىلاردىكى خەتلەرنى ئايرىم-ئايرىم كۆرسەتتى-دە، پۇشتەكنى چالدى. باغاقچىدىكى خەتلەرنى كۆرۈۋالغان ئۈچ ساۋاقداش كەتتى.»

بۇنى ئاڭلاپ باشقا گۇرۇپپىدىكىلەر تازا كۈلۈشتى.

تەربىيىچى ئاخىرقى خەتنى قولىغا ئالدى، بۇ ئۈچىنچى گۇرۇپپىنىڭ ئىدى. بۇ خەتنى كۆرۈپ تەربىيىچىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ۋە ئۈنلۈك ئوقۇدى:

- «مەخمۇت بىلەن زۇنۇن ئۇرۇشۇپ قالدى.»

ساۋاقداشلارنىڭ كۆزى ئۇ ئىككىسىگە تىكىلدى. مەخمۇت بىلەن زۇنۇن بىر-بىرىگە ھۇرپىيىپ قارىشىپ قويدى.

- سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ، - دېدى تەربىيىچى ئۈچ گۇرۇپپىنىڭ بېشىدا تۇرغان ئۈچ ساۋاقداشنى ئالدىغا چاقىرىپ،- سىلەر يەتكۈزگەن سۆزدىن قايسىڭلارنىڭ توغرا؟

- توغرا ئەمەس!- تەڭلا جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

- ئۇنداق بولسا توغرىسىنى دەپ بېقىڭلار.

- «ئايشەم دوستلىرى بىلەن ئەپ ئۆتىدۇ».

- «قارلىق تاغدا قار لەيلىسى ئېچىلىپ كەتتى».

- «مەخمۇت بىلەن زۇنۇن ئەپلىشىپ قالدى»، - دېيىشتى ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن.

ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

- تەربىيىچىڭلار تازا تەدبىرلىككەن. ئاڭلىسام، سىلەرنىڭ سىنىپتا ئەپقاچتى كەپلەرگە ئىشىنىپ ئارازلىشىپ قالغانلار خېلى بارمىش، سەن بىلەن زۇنۇنمۇ شۇلاردىنكەنسىلەر، شۇنداقمۇ؟- دېدى.

- ئۇنداق ئەمەس، - دېدى مەخمۇت ئالدىراپ ئۆزىنى ئاقلاپ،- بۇ ئىشتا پۈتۈنلەي زۇنۇن ئەيىبلىك.

- قانداقسىگە؟

- ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئالدىنقى مەۋسۇمدا ماتېماتىكا دەرسىدىكى نەتىجەم تۆۋەن ئىدى. تەتىلدە سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن دەرسلەرنى ئەستايىدىل تەكرارلاپ، تەتىل تاپشۇرۇقۇمنىمۇ مۇستەقىل ئىشلەپ، ئۆگىنىشتە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولغاندىم، ئەمما ئارازچىلىق پەيدا قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭما؟- دېدى مەخمۇتنىڭ ئانىسى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مەخمۇت مەكتەپكە بېرىپلا مۇئەللىمگە زۇنۇن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى خاپىچىلىقنىڭ سەۋەبىنى دېدى. مۇئەللىم مەخمۇتقا:

- زۇنۇن سېنىڭ تەتىل مەزگىلىدە ئارقىدا قالغان دەرسلەرنى پۇختا تەكرار قىلىپ، ئۆگىنىشتە ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىگەنلىكىڭنى، تەتىل تاپشۇرۇقلىرىڭنىمۇ مۇستەقىل، تولۇق، توغرا ئىشلىگەنلىكىڭنى، ئۇنىڭدىن سىرت قېرى-ئاجىز كىشىلەرگە كۆپ قېتىم ياردەم قىلغىنىڭنى دېگەنىدى، - دېدى ۋە مەخمۇتقا بىر مۇنچە تەربىيە بەردى. مەخمۇت ئۆزىنىڭ ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشىنىپ زۇنۇندىن ئورۇنسىز رەنجىپ يۈرگىنىدىن تولىمۇ خىجىل بولۇپ، بېشىنى سالغان ھالدا سىنىپقا قاراپ ماڭدى.

## ئىككى شېئىر

**ئابدۇكېرىم ھابىر**

**باللىقنىڭ چۈشلىرى**

گۈزەل شۇنچە بەك گۈزەل،
باللىقنىڭ چۈشلىرى.
قاناتلىق بوپ قاپتىمەن
چۈشۈمدە بىر ئاخشىمى...

سىلكىپ بىر جۈپ قولۇمنى،
ئۇچقۇدەكمەن ئاسماندا.
يۇلتۇز قوچاق ئاچقۇدەك
مەن بولۇپتىن ئاشقاندا...

مارجان ياساپ يۇلتۇزدىن،
قايتقۇدەكمەن ھۇجرامغا.
بەرگۈدەكمەن مەن ئۇنى
ئۆزۈم ئامراق سىڭلىمغا...

**لەگلەك**

شامال چىق، شامال چىق،
غۇر-غۇر شامال چىق.
لەگلەك سېنى ئۇچۇراي،
چىق لەگلىكىم، ئېگىز چىق!

قويۇۋېتەي يىپىڭنى،
ئۆرلەپ ئېگىز ئۇچۇپ كەت؛
قونۇپ ئۇچار تەخسىگە،
كەڭ ئالەمنى قۇچۇپ كەت!...

## لاي قورچاق

**زايىر ئابدۇراخمان**

بوۋام دەيدۇ ئەسلىدە
لايدىن بىنا بولغان بىز.
ھىممىتىدىن تۇپراقنىڭ،
كۈچ- قۇۋۋەتكە تولغان بىز.

ئويناپ بۈگۈن مەن لايدىن
ياساپ قويدۇم بىر موماي.
چېچى ئاپئاق، چىشى يوق،
دىلى يۇمشاق، خۇش چىراي.

كۆڭگە قاخلاپ قويسام گەر
ئۇنىڭغا جان كىرەرمۇ؟
ئاي تۇغقاندا كېلىپ ئۇ
چۆچەك ئېيتىپ بېرەرمۇ...؟!

**باللار ئۈچۈن**

## سۈزۈك سۇ


**ئابلەت سەلەي**

ھەي سۈزۈك سۇ، سۈزۈك سۇ،
شىلدىر- شىلدىر ئاقىسەن.
بولغاچقا سەن تىنىمسىز،
شۇڭا ماڭا ياقىسەن.

ھەي سۈزۈك سۇ، سۈزۈك سۇ،
نېمانچە تېز ئاقىسەن؟
گەپلىرىمگە سەن قاچان،
قۇلاق سېلىپ باقىسەن؟!

بويلاپ ماڭدىم ئېرىقنى،
قېنى قاچان يارىسەن.
ئېقىپ دېسەم- دېمىسەم،
ئېتىزلىققا بارىسەن.

باغ-باغ ئېتىپ تۇپراقنى،
ئاستا سىڭىپ كېتىسەن.
بىخ سۈرگەندە زىرائەت،
مۇرادىڭغا يېتىسەن.



جىرا سۈيى

ئۈركەش جاپپار فوتوسى


ئەدەبىيات گۈلزارى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

